## 65693 ـ كۆز قارچۇقىغا چاپلايدىغان «لەنس»نى دىزىنپېكسىيە سۇيۇقلىغا قويغاندىن كېيىن ئىشلەتسە روزىغا تەسىرى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

**سۇئال**

روزىدار ھالىتىدە كۆزقارچۇقىغا چاپلىشىدىغان كۆز قارىقى ئىشلەتسە بولامدۇ؟ چۈنكى ئۇ نەرسە سىلەر بىلگەندەك ئۇنى دىزىنپېكسىيە قىلىدىغان خاس سۇيۇقلۇققا قويغاندىن  كىيىن ئىشلەتسە بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە تەپسىلى جاۋاپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

روزىدار كىشى كۈندۈزدە كۆزىگە چاپلىشىدىغان كۆز قارچۇقى ئىشلەتسە بولىدۇ، ئۇنىڭ دەسلەپتە دىزىنپېكسىيە سۇيۇقلىقىگە قويۇلۇشى روزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، ھەرقانچە بولسا چاپلىغۇچ دىزىنپېكسىيە سۇيۇقلىقىغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن كۆزىگە بىر نەرسە سىڭىپ كىرىدۇ، بۇ كۆزىگە دورا تېمىتقاننىڭ ئورنىدا بولىدۇ، ئالىملارنىڭ توغرا قارىشىدا بۇنىڭ روزىغا تەسىرى بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ " :روزىدار كىشى سۈرمە تارتسا، كۆزىگە ۋە قۇلىقىغا بىر نەرسە تېمىتسا بولىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ تەمى كانىيىغا كېلىپ قالسىمۇ بۇنىڭ روزىغا تەسىرى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ يېمەك-ئىچمەك ئەمەس ۋە يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس. يېمەك-ئىچمەكتىن چەكلەنگەنلىك توغرىسىدا دەلىل كەلگەن، ئۇنىڭ مەنىسىدە بولمىغان نەرسىلەر ئۇنىڭغا قېتىلمايدۇ.  بىزنىڭ يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىز شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھنىڭ تاللىغىنىدۇر. بۇ توغرا قاراشتۇر"]  . "پەقەھل ئىبادەت- 191  "بەت. 38023 - 2299 ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن .]